# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ئىزىنى بويلاپ

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئىجادىي ئايلاندۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىشچان تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان بىر چوڭ ئىش، ئۇ جايلاردا تەكشۈرگەندە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنى كۆپ قېتىم ئالقىشلىغاندى.

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا ئۇ جياڭسۇنىڭ شۇجوۋ ماجۇاڭ كەنتىدە كەنت ئاھالىسى ياسىغان شۇجوۋ خۇش پۇراق خالتىسىنى سېتىۋېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەنمۇ قوللايي» دېدى؛ ئىچكى موڭغۇلنىڭ چىفېڭ مۇزېيىدا، ئۇ «گېسار» ئېيتىشىشىنى كۆردى ھەم مۇنداق بىلدۈردى: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك»؛ خاڭجوۋ شىشى سۇلۇق يېرىدە، لۇڭجىڭ چېيىنى قولدا قورۇش ماھارىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى...

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەكشۈرگەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىكى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ئىزلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسلىرىغا بولغان غەمخورلۇقى، ئۈمىدىنى نامايان قىلدى، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ جانلىق يۈگمە رەسىمىنى ئېچىپ بەردى.

## ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئورتاق گۈللىنىشى

«باش شۇجىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتىگە شۇنچە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىدىن مەن ئۆزۈمنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان يېشىل چاينى قولدا قورۇش ماھارىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ يولدا ماڭغانلىقىمنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.» باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خاڭجوۋ شىشى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىدا تەكشۈرۈشتە بولغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلىگەندە، 59 ياشلىق چاي قورۇش ئۇستىسى فەن شېڭخۇا ھازىرغىچە ھاياجىنىنى باسالماي قالدۇ.

فەن شېڭخۇا 14 يېشىدا چاي قورۇشنى ئۆگەنگەن، 20 يېشىدا رەسمىي «دۇكان ئايرىغان». «ئادەم بىلەن چاينىڭ مۇناسىۋىتى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق ئۆتۈشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، قاقاس تاغقا چاي دەرىخى تىكسە سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ، چاي ئىچىشنىڭ پايدىسىغا گەپ كەتمەيدۇ.» فەن شېڭخۇا مۇنداق دېدى: «باش شۇجى بىزنى ئەنئەنىۋى قول - ھۈنەر سەنئىتى قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى، بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك شاگىرت يېتىشتۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چاي قورۇش ماھارىتىنى ئورتاق ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلىمەن».

قەدىمكى زاماندا شىشىدا چاي ئىشلەپچىقىرىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى سۈپەتلىك ۋە داڭلىق ئىدى. ھازىر، باغچىدا چاي قورۇش نەق مەيدان كۆرگەزمە نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگىمۇ چاي سەنئىتى بويىچە ئالماشتۇرۇش، چاي دەملەش ماھارىتى كۆرسىتىش قاتارلىقلار سىڭدۈرۈلدى.

«بىز شىشىنىڭ چاي مەدەنىيىتى بىلەن شىشى سۇلۇق يېرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلاندۇرغاندىن سىرت، تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىمىز» دېدى خاڭجوۋ شىشى سۇلۇق يەر باغچىسى باشقۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر خې لىبي.

شىشى سۇلۇق يېرىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوربان قىلىشقا بولمايدۇ، زىيادە تاۋارلاشتۇرۇپ ئېچىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، خې لىبي چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولۇپ، مۇنداق دېدى: «بىز سۇلۇق يەرنى قوغداش ۋە پايدىلىنىشتىن ئىبارەت قوش پايدا ئالىدىغان ‹شىشى ئەندىزىسى› ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشنى كۈچەيتىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغدىن ئىبارەت گۈزەل مەنزىرىنى شىشى سۇلۇق يېرىدە ئۇزاققىچە ساقلاپ قالىمىز».

چاي مەدەنىيىتىدىن سىرت، شىشى سۇلۇق يېرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئەجدىھا قولۋاقلىرى كاتتا يىغىلىشى» «شىشى كېمە چامباشچىلىقى» «خۇاچاۋ بايرىمى» قاتارلىق ئۆزگىچە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز قېزىپ چىقىپ، ھەم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا جانلىق ۋارىسلىق قىلدى، ھەم ساياھەتچىلىكنىڭ مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتتى.

جېجياڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر چۇ زىيۇ مۇنداق دېدى: جېجياڭ ئۆلكىسى دۆلىتىمىزدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرى ئەڭ كۆپ ئۆلكە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جېجياڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بايلىقىنى چوڭقۇر قېزىپ ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرگە يېزا ئۆرپ - ئادىتىنى ھېس قىلدۇردى. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى + ئېكولوگىيە + ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلانماقتا.

## ئەل ئىچى تىياتىرلىرى يېڭى دەۋرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى

باش يازدا، خېنەن شىنياڭنىڭ گۇاڭشەن ناھىيەسى ۋېنشۇ يېزىسى يېشىللىققا پۈركەندى. مەدەنىيەت مەيدانىدا ناھايىتى قىزىق خۇاگۇ تىياتىرى باشلاندى.

«نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش كەشتە تىكىشكە ئوخشايدۇ، نامرات يېزا - كەنتلەرنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى. يېڭى قىياپەتكە كىردى، يېڭى سەھىپە يۈتۈلدى، مۇستەھكەملەپ، يۈكسەلدۈرۈپ، يەنە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىمىز. قايتا گۈللىنىش يولىدا ئارزۇغا ئورتاق ئىنتىلىمىز، جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرىدە قۇياش پارلاپ تۇرىدۇ...» بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن گۇاڭشەن خۇاگۇ تىياتىرى ۋارىسلىرىدىن جاڭ شيۇفاڭ ۋە ئۇنىڭ ئېرى فاڭ يىڭلياڭ يېڭىدىن ئىشلىگەن خۇاگۇ تىياتىرى «مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن گۇاڭشەنگە كەلدى»نى ئورۇنلاۋاتاتتى.

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋېنشۇ يېزىسى دۇڭيۈ كەنتىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى، بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بۇ تىياتىرنى باش شۇجىغا ئېيتىپ بەردى.

«باش شۇجى بىزنىڭ ئويۇنىمىزنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىپ ماختىدى.» جاڭ شيۇفاڭ ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلىگەندە ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، «بىز داۋاملىق قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، شاگىرت قوبۇل قىلىپ ماھارىتىمىزنى ئۆگىتىمىز، ئويۇن قويۇش سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈپ، خۇاگۇ تىياتىرىنى گۇاڭشەندە، خېنەندە ياڭرىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۈرىمىز».

دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا چاڭچىلە ئېيتىشتىن بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە چاڭچىلە ئېيتىشقىچە، تىياتىر ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ يېزىلارغا بېرىشتىن سەھنە ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ سەييارە ئويۇن قويۇشقىچە — جاڭ شيۇفاڭ 300 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بۇ ئەل ئىچى تىياتىرىنىڭ «ساقلىنىپ قېلىش»، «جانلىنىش» مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە جاڭ شيۇفاڭ قۇرغان گۇاڭشەن فۇشىڭ خۇاگۇ تىياتىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمىكى بىر يىلدا 200 مەيداندىن ئارتۇق سەييارە ئويۇن قويىدىغان بولدى.

«بىز دەۋرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن ناخشا تېكىستىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىدۇق، كىيىم - كېچەك، سەھنە جابدۇقلىرى، ناخشا ئاھاڭى، ياڭراتقۇ قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردۇق، ئۈمىدىمىز تېخىمۇ كۆپ ياشلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش» دېدى جاڭ شيۇفاڭ.

«يامغۇر - يېشىن ياخشى بولۇپ ھوسۇل يىلى تەبرىكلەندى، ھەممە كەنتتە پانۇسلار يېقىلدى». ھازىر گۇاڭشەن ناھىيەسىدە چوڭ - كىچىك 200گە يېقىن ئەل ئىچى خۇاگۇ تىياتىر ئۆمىكى بار بولۇپ، يىل بويى جايلاردا ئويۇن قويۇپ، «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەنتىمىزدە نامراتلارنى يۆلىدى»، «يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئامانلىقنى ساقلايلى» قاتارلىق زامانىۋى تىياتىرلارنى يېڭىدىن ئىجاد قىلىپ ئىشلەپ، ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خېنەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش - ۋارىسلىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، گۇاڭشەن خۇاگۇ تىياتىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 100 خىلدىن ئارتۇق ئەنئەنىۋى تىياتىر يېڭى دەۋردە ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتماقتا؛ تەيجى گۇڭپۇسى، شاۋلىن گۇڭپۇسى، جۈشيەن بازىرى چاغانلىق ياغاچ باسما رەسىم قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە داڭق چىقاردى. خېنەن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن كۆزەتكۈچىسى يەن جىڭسەي مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە خېنەن ئۆلكىسى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەشۋىق قىلىش، كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن، «خۇاشيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سوۋغىسى» سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، خۇاشيا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ.

## ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى تېخىمۇ چاقنىدى

ئىچكى موڭغۇل چىفېڭ شەھىرىنىڭ بالىن ئوڭ خوشۇنى چاغانۇر مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە، بالىلار ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش پائالىيىتىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

«قارىغۇ چاشقان ۋەيران قىلىسىمۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىنى، قەھرىمان گېسار قوغدىدى گۈزەل يايلاقنى...» سىخۇنىڭ مۇڭلۇق ساداسىغا جور بولۇپ، «گېسار» ۋارىسى ئوتبېيىنخۇانىڭ موڭغۇلچە ناخشا ئېيتىشى بىلەن، ئوقۇغۇچىلارمۇ تۆۋەن ئاۋازدا ئەگىشىپ ئېيتتى.

«گېسار» موڭغۇللارنىڭ تارىخىي داستانى بولۇپ، گېسارنىڭ خەلق ئۈچۈن ئاپەتنى يوقىتىپ، تىنچ - ئامانلىقنى قوغداپ، يايلاق خەلقىنىڭ ئىناق ئۆتۈپ، گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە بايان قىلىنغان، زاڭزۇلارنىڭ «گېسار» داستانى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «گېسار» دەپ ئاتىلىدۇ.

«‹گېسار› توغرىسىدىكى تارىخنى چۈشەندۈرۈپ، باللارغا ئېيتىشنى ئۆگىتىشتە، ئۇلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، توغرا تارىخ قارىشى، دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدىم» دېدى ئوتبېيىنخۇا.

ئوتبېيىنخۇا «گېسار»نىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ۋەكىللىك ۋارىسى جىمباجامسۇنىڭ شاگىرتى. 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، چىفېڭ مۇزېيىدا جىمباجامسۇ، ئوتبېيىنخۇا ۋە بالىن ئوڭ خوشۇنىدىكى گېسار ئېيتىشىش ئەترىتىنىڭ باشقا يەتتە ئەزاسى باش شۇجى شى جىنپىڭغا «گېسار» تارىخىي داستانىنىڭ نەزمە - نەسىرلىك ناخشىسىنى ئېيتىپ بەرگەن.

«باش شۇجى ‹گېسار›غا ۋارىسلىق قىلىش ئەھۋالىنى سورىدى، ۋارىس بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىز باسارلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ‹گېسار›نى ئەۋلادمۇئەۋلاد قالدۇرىمەن» دېدى87 ياشلىق جىمباجامسۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئوتبېيىنخۇا ئىنتايىن ئىللىقلىق ھېس قىلدى ۋە روھلاندى: «بىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ تۇتىشىش نۇقتىسىنى تېپىپ، ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك».

بالىن ئوڭ خوشۇنى «گېسار مەدەنىيىتى يۇرتى». «نۆۋەتتە، بالىن ئوڭ خوشۇنىدا داستان ئېيتىشىش، نەزىر - چىراغ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، نادام، ئاممىۋى مەدەنىيەت قاتارلىقلار بىر گەۋدە قىلىنغان ‹گېسار› جانلىق مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش سىستېمىسى شەكىللەندى.» چىفېڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لىۋ بىڭ مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ يوليورۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ‹گېسار› قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ چاقنىتىمىز».

ئىچكى موڭغۇل سەفەن داشۆسى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەتقىقات يۇرتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى ئوچا مۇنداق قارىدى: جۇڭخۇا مىللىتى 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان چوڭ ئائىلە، ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلغاندىلا پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى ياخشى ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدۇ، بۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقى، كۆپ مەنبەلىكلىكى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىشىغا كۈچ قوشتى

سەھەردىكى قۇياش نۇرى غەربىي سىچۈەندىكى ئاھالىلەرنىڭ قاتار - قاتار كەتكەن ئەنئەنىۋى تۇرالغۇلىرىنىڭ كۆل رەڭ كاھىشلىرىغا، ئاق تاملىرىغا چۈشتى، ھەر خىل شەكىلدىكى ھۈنەرخانىلاردا قول ھۈنەرۋەنلەر ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

بۇ يەر چېڭدۇ شەھەر مەركىزىگە تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جەنچى كەنتى بولۇپ، «توردا ئالقىشلانغان» مەنزىرە نۇقتىسى دەپ ئاتالغان «يېزا - كەنتلەردىكى 18 ھۈنەرخانا»دا پىشيەن ناھىيەسىنىڭ پۇرچاق قىيامى، سىچۈەن كەشتىسى، بامبۇك توقۇلما قاتارلىق ئون نەچچە خىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بۇيۇمىنى ياساش ھۈنەر - سەنئىتى مەركەزلىك نامايان قىلىنغان.

لەي شۇفاڭنىڭ «تاڭچاڭ لاتا خېيى» دۇكىنى نۇرغۇن ساياھەتچى چوقۇم كۆرىدىغان جاي. 2018 - يىلى چاغاندىن بۇرۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ جەنچى كەنتىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، لەي شۇفاڭ تىككەن بىر جۈپ لاتا خەينى سېتىۋالغاندى.

ئىككى يىل بۇرۇنقى مەنزىرە يەنىلا كۆز ئالدىدا ئېنىق تۇرغان لەي شۇفاڭ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «مەن پۇقرالار سىزگە ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىدۇ، مېنىڭ سىزگە بىر جۈپ لاتا خەي سوۋغا قىلغۇم بار دېدىم. باش شۇجى: سوۋغا قىلىشقا بولمايدۇ، پۇلغا سېتىۋېلىشىم كېرەك، دېدى».

لەي شۇفاڭ كىچىكىدىنلا دادىسىدىن لاتا خەي تىكىشنى ئۆگەنگەن، بۇ كەسىپنى قىلىۋاتقىنىغا 40 يىل بولدى. ئۇنىڭ كوللېكتىپى تىككەن ئەنئەنىۋى لاتا خەيلەر 32 تۈرلۈك چوڭ ئىش تەرتىپى، 100دىن ئارتۇق كىچىك ئىش تەرتىپىدىن ئۆتىدۇ.

نەچچە يىل ئىلگىرى، لەي شۇفاڭنىڭ ئوغلى ئەي پىڭ دۆلەت كارخانىسىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە لاتا خەي تىكتى. يېڭى بىر ئەۋلاد قول ھۈنەرۋەن ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىۋاتقان قەدىمىي ھۈنەرگە يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى.

ئەي پىڭ تاڭچاڭ لاتا خېيى تاۋاۋاق دۇكىنى ئېچىپ، لايىھەلەشكە زامانىۋى ئىجادىيەتنى كىرگۈزدى، ھەم پالما دەرىخى يوپۇرمىقى توقۇلمىسى، سىچۈەن كەشتىسى قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى سىناپ كۆردى. 2019 - يىلى، مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 10 مىڭ جۈپ بولۇپ، پايدىسى 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

بۇ يىل «مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراس كۈنى»نىڭ ئالدىنقى كۈندە، ئەي پىڭ ئالىبابا، جىڭدۇڭ قاتارلىق سۇپىلار بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مال سېتىۋېلىش بايرىمى»غا قاتنىشىشقا تىزىملاتتى، لېكىن تېزلا ئامباردا ساقلانغان ماللىرىنىڭ ئەسلا يېتىشمەيدىغانلىقىنى بايقىدى...

2019 - يىلى، جەنچى كەنتى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 1 مىليون 100 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، كىرىم نەچچە ئون مىليون يۈەنگە يەتتى. «لاتا خەينى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىشتىكى مۇھىم سەۋەب.» جەنچى كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گاۋ دېمىن مۇنداق دېدى: «نۇرغۇن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنىڭ يىلتىزى يېزىدا، بۇ يېزىنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكىمىز. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بايلىقىدىن ياخشى پايدىلانغاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىشقا، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ناھايىتى ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدۇ».

## ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا سىڭىپ كىردى

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، دۇەنۋۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ، خۇش پۇراق خالتىلار ئېسىلىدۇ، ئەمەنلەر قىستۇرۇلىدۇ.

دۇەنۋۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا، جياڭسۇ شۇجوۋنىڭ پەنئەنخۇ كۆلى بويىدىكى ماجۇاڭ كەنتىدە، 83 ياشلىق ۋاڭ شيۇيىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6دە ئورنىدىن تۇرۇپ، ناشتىدىن كېيىن جۇڭيى دورىسى تەييارلاپ، يىپ ئۆتكۈزۈپ، خۇش پۇراق خالتا تىكىشكە باشلايدۇ.

«نۇرغۇن جايلاردا دۇەنۋۇ بايرىمىدا خۇش پۇراق خالتا ئېسىش ئادىتى بار، خۇش پۇراق خالتىنى بېلىگە، مەيدىسىگە ئېسىۋالغاندا بالا - قازادىن، ئىسسىق ئۆتۈشتىن ساقلايدۇ» دېدى ۋاڭ شيۇيىڭ.

ۋاڭ شيۇيىڭ شۇجوۋ خۇش پۇراق خالتىسىنىڭ ۋارىسى. 2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ماجۇاڭ كەنتىگە كېلىپ، كەنتتىكى خۇش پۇراق خالتا ياساش ئۆيىگە كىردى، يەنە پۇل خەجلەپ ۋاڭ شيۇيىڭ تىككەن جۇڭيى دورىسىلىق خۇش پۇراق خالتىنى سېتىۋېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ «مەنمۇ قوللايي» دېدى.

ۋاڭ شيۇيىڭ مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ ‹قوللىشى› مېنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇردى، تېخىمۇ ئىشەنچكە ئىگە قىلدى، مەن ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇشقا بەل باغلىدىم».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ماجۇاڭ كەنتى خۇش پۇراق خالتا كەسپىنى بارلىققا كەلتۈردى. ماجۇاڭ كەنتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى ماۋ فېي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كەنتتە مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، جۇڭيى دورىسىلىق خۇش پۇراق خالتا ياساش ماھىرىدىن 200 دىن ئارتۇق ئادەم يېتىشتۈرۈلدى؛ 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، خۇش پۇراق خالتا لايىھەلەش، ياساش، كۆرگەزمە قىلىش، ھېس قىلىش، سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن خۇش پۇراق خالتا مەدەنىيەت ھويلىسى بەرپا قىلىندى.

«مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، بىز يەنە خۇش پۇراق خالتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى شۇجوۋنىڭ تەييارلايدىغان سوۋغىتى قىلىپ چىقىشقا تىرىشىمىز. 2019 - يىلى ماجۇاڭ خۇش پۇراق خالتىسىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 8 مىليون يۈەنگە يەتتى» دېدى ماۋ فېي.

بۈگۈنكى كۈندە، كەشتە، جۇڭيى دورىسى، جۇڭگو تۈگۈچى قاتارلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قەدىمىي خۇش پۇراق خالتا زامانىۋى تۇرمۇشتا «بېلىق سۇغا كىرگەندەك» بولۇپ — ساياھەتچىلەر تاللىشىپ سېتىۋالىدىغان «توردا ئالقىشلانغان» خاتىرە بۇيۇمى، ياشلار كۈندە تاقىۋالىدىغان «مودا بۇيۇم»، ئائىلىدە دائىم ساقلايدىغان ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇمىغا ئايلاندى.

«كىچىك خۇش پۇراق خالتىغا كۆپ مەزمۇن مۇجەسسەملەنگەن، ئادەتتىكى قول ھۈنەرگە جانلىق مەدەنىيەت چوڭقۇر يوشۇرۇنغان، ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرغاندا بۈگۈنكى تۇرمۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ». جۇڭگو ئەلئارا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پەن لۇشېڭ مۇنداق دېدى: «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيە قارىشى، تۇرمۇش قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھ، ئادەمگەرچىلىك، ئىجادچانلىق بىلەن بۈگۈنكى مەدەنىيەت ئىجادىيەت كەسپىنى يېتىشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ يېزا - كەنت قول ھۈنەرنىڭ يېڭى دەۋردىكى گۈزەل تۇرمۇشنى زىننەتلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

**(مۇخبىرلار جوۋ ۋېي، يۈ جۈنجيې، جەي شياڭ، جياڭ شياۋ، فېڭ يۈەن، دۇەن جىڭجىڭ، جاڭ خاۋرەن، ۋېي جىڭيۇ، خې شۇچيېن، ۋاڭ دى، جۇ شياۋ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)